# 3000 چاقىرىم سۇ ئۈزۈش ھېچ گەپ ئەمەس

## ـــ «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا چاتما مۇلاھىزە (8)

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ئەن بېي، ۋاڭ لىبىن، جاڭ شىنشىن

«جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، بەلكى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ.»

«ھەمكارلىق جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى، ئورتاق پايدا ئالغاندىلا ئاندىن تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىگە يەتكىلى بولىدۇ.»

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭەشمىسى توغرىسىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭەشمىسىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭەشمىسى توغرىسىدىكى سىياسەت، مەيدانىنى شەرھلەش.

ئۆزگە ئىشىنىش، ئېچىۋېتىش، سىغدۇرۇشچان بولۇش جۇڭگونىڭ دۇنيا ئالدىدا نامايان قىلغان سالاپىتى ۋە خىسلىتى.

200 يىل ياشاشقا ئىشەنچىم تۇرسا يانا، 3000 چاقىرىم سۇ ئۈزۈش ھېچ گەپ ئەمەستۇر ماڭا. بۈگۈنكى جۇڭگو ئىشەنچكە تولغان ھالدا بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ چوڭ قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇدى، مەيلى ۋەزىيەت قانداق تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرسۇن، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەكنى ئورتاق ئاچىمىز.

### ■ئىشەنچنىڭ مۇقىم بولۇشى ئەمەلىي كۈچنىڭ قۇدرەتلىكلىكىدىن، يوشۇرۇن كۈچنىڭ زورلۇقىدىن كەلگەن

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى ئېچىلدى. تەخمىنەن 8000 جۇڭگو، چەت ئەل ئاپپاراتى، 36 مىڭدىن ئارتۇق سودىگەر ھەم ۋەكىل، 300دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم يەرمەنكىگە قاتنىشىپ، مۇلازىمەت ـ سودا ساھەسىگە يوشۇرۇنغان غايەت زور سودا پۇرسىتىنى ئىزدىدى؛

شۇ كۈنى، ئامېرىكا كۆرسەتكۈچ تۈزۈش شىركىتى مىڭشىڭ (MSCI) جۇڭگو A پېيىنىڭ كىرگۈزۈلۈش ئاملىنى قەرەلدە 5%تىن 10%كە ئۆستۈردى، 18 ئىگىلىك تىكلەش پاي چېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ 26 A پېيى MSCIنىڭ جۇڭگو كۆرسەتكۈچىگە كىردى؛

يەنە شۇ كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھۆججەت ئېلان قىلىپ، دىققەتنى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ئېگىزلىكنى بەرپا قىلدى...

قىسقىغىنا بىر كۈندە، بۈگۈنكى جۇڭگو بىلەن پۈتۈن يەر شارىۋى ئىقتىساد تومۇرىنىڭ ماس قەدەملىك ئورتاق تەۋرىنىشى نامايان بولدى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھاياتىي كۈچ ۋە ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۇرغۇدى.

ئىشەنچ قۇدرەتلىك دۆلەت ئەمەلىي كۈچىدىن ۋە مۇقىم بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن كەلگەن ـــ

بۈگۈنكى جۇڭگو، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇشتەك ئەمەلىي كۈچى بىلەن، يىللىغا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تەخمىنەن 30% تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ؛ 2018 ـ يىلى، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 90 تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، 80 تىرىليون يۈەندىن 90 تىرىليون يۈەن باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقا پەقەت بىر يىللا سەرپ قىلدى، ۋاھالەنكى، 1 تىرىليون يۈەندىن 10 تىرىليون يۈەنگە يېتىش ئۈچۈن جۇڭگو 14 يىل سەرپ قىلغانىدى؛

بۈگۈنكى جۇڭگو، يەر شارىۋى ياسىمچىلىقتىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەت بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل زامانىۋى سانائەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى؛ ئەنئەنىۋى ياسىمچىلىقتا تېپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلدى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار، يېڭى كەسىپلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك بولدى؛

بۈگۈنكى جۇڭگو، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، تەتقىق قىلىپ ئاچقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇردى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتى سېلىنمىسى پۈتۈن يەر شارى بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى، «2018 ـ يىللىق يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش كۆرسەتكۈچى» رەت تەرتىپىدە 17 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، كەشپىيات پاتېنتى ئىلتىماس قىلىش مىقدارى ۋە ھوقۇق بېرىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلۈك رولى گەۋدىلەندى؛

بۈگۈنكى جۇڭگو، 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى قاپلىغان پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تورىغا ئىگە بولۇپ، يىلدا 13 مىليوندىن ئارتۇق نامراتنى ئازايتىشتەك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۆجىزىسىنى ياراتتى؛ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەر توپى سېجىل كېڭەيدى؛ باللار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار ـ يۆلەكى بولۇشتىن ئىبارەت خەلق تۇرمۇشى سەھىپىسى پۈتۈلدى...

ئىشەنچ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن كەلگەن ـــ

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق ئالدىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى مۇقىملاشتۇرۇش، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆزلىمنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئەمەلىي تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىيات ھالىتىنى مۇقىملاشتۇردى، ئېشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتتى؛

ئومۇميۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى تۈگىتىش، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى تۈزەشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا قىلىپ، ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئۈچۈن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئۆتكەلنى ئىگىلىدى، يولنى راۋانلاشتۇردى؛

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت، خىرىس ئالدىدا، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات چوڭقۇر كۈچ كۆرسىتىپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ماس قەدەمدە ئىلىپ بېرىلدى، مۇھىم، زور رايون ئىستراتېگىيەسى تەدرىجىي نامايان بولدى، ئىستېمال ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، جۇڭگو بازىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، تەرەققىيات بوشلۇقى يەنىمۇ كېڭەيدى...

گەرچە بوران ـ چاپقۇنلار ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو ھېلىھەم دۇنيادىكى تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى، يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور، ئېلاستىكلىقى ئەڭ يېتەرلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. «جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېخىمۇ ئىشەنىدۇ» يېقىندا ئامېرىكىدا چىقىدىغان «خۇا ئېرجېي كوچىسى گېزىتى»دە شۇنداق دېيىلدى.

### ■ئىشەنچنىڭ يېتەرلىك بولۇشى پۇرسەت «پەيتى»دىن، دەۋر «ۋەزىيىتى»دىن كەلگەن

دۇنيا يەنە بىر قېتىم دىققەتنى جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ سۈرئىتىگە مەركەزلەشتۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىر بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىز چىڭداۋدا زاۋۇتتىن چىقىپ، ئاۋىياتسىيە بىلەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول يولۇچىلار تىرانسپورتى ئوتتۇرىسىدىكى سەپەر سۈرئىتى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، كىرگۈزۈش، ھەزىم قىلىش، قوبۇل قىلىشتىن ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش، ئۆز ئالدىغا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقىچە، جۇڭگو يەر شارىۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەش «دەۋر پۇرستى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنى جۇڭگو ياسىمچىلىقىدىكى يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندۇردى.

بۇ، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ پەيت بىلەن ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەپ، تەرەققىياتتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

ئىشەنچ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھېلىھەم مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە تۇرىدىغانلىقىدەك ھۆكۈمنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىدىن كەلگەن.

مال چىقىرىش مىقدارى 575 مىڭ دانىگە، ئېشىش سۈرئىتى 65.7%كە يەتتى. ئۆزگىرىشچان، جۇشنىپ بولغىلى بولمايدىغان يەر شارىۋى بازاردا «ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن» يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى كارخانا خىرىسقا دادىل يۈزلىنىپ، بازار قايتۇرغان جاراڭلىق جاۋابقا ئېرىشتى.

«تەجرىبىخانىدىن باشلاپ تۈتۈش قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ، زېھنىمىزنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا مەركەزلەشتۈردۇق» دېدى جىمى پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ باش مۇدىرى جۇڭ بو. باشلامچىلىق بىلەن 1080P تولۇق يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پىروپېكسىيە، 120 دىيۇملۇق 4Kلىق قوش رەڭلىك لازېر نۇرلۇق تېلېۋىزورنى ياساپ، AIلىق ئېكرانسىز تەجرىبىخانا قۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەسى بەرپا قىلىپ، جىمى پەن ـ تېخنىكىسى تويۇنغان ئائىلە ئۈن ـ سىن ساھەسىدە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى، خېرىدارلىرى پۈتۈن يەر شارىدىكى 100دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننى قاپلىدى.

خەتەر ئىچىدە پۇرسەت ئىزدەش، خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش. كىچىككى كارخانىدىن چوڭى بىر دۆلەتكىچە ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا، 100 يىلدا كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلدى، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرلەر يىغىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا زەربە بولدى.

بۈگۈنكى جۇڭگو، 40 يىل يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش ئارقىلىق، تەرەققىياتى ئاچقۇچلۇق ھالقىيدىغان تارىخىي ئۆتكەلگە دۇچ كەلدى: نوپۇس ئېلىپ كەلگەن پايدا ئاجىزلاشتى، تۈزۈم پايدىسى، تېخنىكا پايدىسى قېزىشنى كۈتمەكتە؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقى، ئۇنۇملۇك تەمىنات يېتەرلىك بولماسلىق تەدرىجىي گەۋدىلەندى؛ خەلق ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشقا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپلا قالماي، بەلكى دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق، ئادىللىق، ھەققانىيلىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلىپى كۈنسايىن ئاشتى...

«يېڭى پۇرسەت ئاسماندىن گۈشنان چۈشمىدىغان، سۇنىڭ ئېقىشىغا باقىدىغان پۇرسەت ئەمەس، بەلكى كىمنى ئېقىنغا قارشى ھەيدىيدىغان، تاشنى دومىلىتىپ تاغقا ئىلىپ چىقىدىغان پۇرسەت» دېدى مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەن ۋېنشيۇ.

ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش يېڭى پۇرستىنى ئىگىلەش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش يېڭى پۇرستىنى ئىگىلەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى پۇرستىنى ئىگىلەش، يېشىل تەرەققىياتنى تېزلىتىش يېڭى پۇرستىنى ئىگىلەش، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئۆزگىرىشىگە قاتنىشىش يېڭى پۇرستىنى ئىگىلەش...

بۈگۈنكى جۇڭگو، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەش داۋامىدا پۇرسەت ياراتتى، پۇرسەتنى ئىگىلەش داۋامىدا يېڭى تارىخ پۈتتى.

ئىشەنچ دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىش، تارىخىي چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئىگىلەشتىن كەلگەن.

5 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ كارخانىلار يەرمەنكىسى دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ۋە باشلامچى كارخانىدىن 250تىن كۆپرەكىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى سۈرئەتتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، خېلى كۆپ يەرمەنكە رايونىدا «يايما ئورنى تېپىش تەسكە توختىدى».

«بۇ يىل بىز داۋاملىق ئەڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئېلىپ جۇڭگوغا كېلىپ، ئاۋىياتسىيە، داۋالاش، ئېنېرگىيە، ھاسىلىي ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى يېڭى تېخنىكىلارنى كۆرگەزمە قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ تەمىنلىگۈچى سودىگەر قاتارلىق ھەمكارلىق ھەمراھلىرىمىزنىڭ ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولىمىز» دېدى تۇڭيۇڭ ئېلېكترونى (جۇڭگو) چەكلىك شىركىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە سىياسەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن باش لىدىرى چېن رۇڭشېڭ.

دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كىشىلەر قەلبىنىڭ ئىنتىلىشى، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى.

بازار ئېھتىياجىنى كەڭ قويۇۋېتىش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش پاسسىپ تىزىملىكىنى كېمەيتىش... جۇڭگو پۈرستى پۈتۈن يەر شارىدىكى تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەنگۈچىنى جەلپ قىلدى.

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ياسىمچىلىق كەسپىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.4% ئاشتى؛ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 13 مىڭدىن ئاشتى؛ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى.

ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورىنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى خەۋىرىدە جۇڭگونى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «بۇ، تىرىشىپ مائارىپ، خەلقئارا سودا، ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسى ۋە تېخنىكىنى ياخشىلاش ئارقىلىق خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگەن دۆلەت» «جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن بىز كۆپ پايدىغا ئېرىشتۇق».

خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئېچىۋېتىش داۋامىدا دۇنيا بىلەن ياخشى ھەمتۇرتكە بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىپ، بۈگۈنكى جۇڭگو تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لوگىكىسىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدا تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ ۋەزىيەتنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

### ■ئىشەنچنىڭ قەتئىي بولۇشى مىليونلىغان خەلقنىڭ كۈرەش قىلىشى ۋە ئىجاد قىلىشىدىن كەلگەن

ئامېرىكىلىق ئىمپورت سودىگەرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قوشۇلما قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، 25% تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش؛ ياپونىيە، ھىندىستان، ياۋروپا ھەمدە جەنۇبىي ئامېرىكا بازارلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش... جېجياڭدىكى بىر ئېكسپورت كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا تەرەپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالغاندىن كېيىن، رىقابەت ئەۋزەللىكى كىچىك مەھسۇلاتلار بازاردىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. كارخانا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ رىقابەت كۈچى كۈچلۈك مەھسۇلاتلارنى يۈكسەلدۈرمەكتە، تەرەققىياتى ھەرگىز توختىتىپ قويمايمىز.

كارخانىچىلار ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، ھۆكۈمەت چارە ئىزدەپ، دۆلەت سىرتىدىكى ھەمكارلىق ھەمراھلىرى ئەقىل كۆرسىتىپ، تىرىشىپ تەننەرخنى تۆۋەنلەتكەن، مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغان، كۆپ مەنبەلىك بازارنى كېڭەيتكەن، بۇ، مۇخبىرلار يېقىندا شەرقىي قىسىمدىكى چوڭ ئۆلكە جېجياڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئىگىلىگەن ئەھۋال.

قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولۇش، بۇ، مىليونلىغان كارخانىچىنىڭ بازار ئىگىلىكى داۋامىدىكى كۈرەش قىلىش روھى، شۇنداقلا مىليونلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارەت بىلەن گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش كارتىنىسى.

بۇ، دەل جۇڭگو ئىشەنچىنىڭ پۇختا ئاساسى، پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

بۇ بۈگۈنكى جۇڭگو ـــ

رەقەملەشكەن ئادەمسىز زاۋۇتلاردا ماشىنا ئادەم ئارقىلىق ماشىنا ئادەم ياساش داۋاملاشماقتا؛ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار بىلىش ئىنقىلابىنى قوزغىدى؛ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى... ياسىمچىلىق كۈچلۈك دۆلەتنى قەد كۆتۈرمەكتە.

بۇ بۈگۈنكى جۇڭگو ـــ

ساياھەت، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تۈرىدىكى ئىستېمال گۈللىنىپ راۋاجلاندى؛ مۇلازىمىتى تاللا بازار، چىرايىنى تونۇتۇپ ھەق تۆلەش، تور بىلەن تور سىرتى بىر گەۋدىلەشكەن دۇكان، يېڭىچە پارچە سېتىش ئۈزلۈكسىز يېڭىلانماقتا؛ يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى ھەممە جايدا جانلاندى... 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىنىڭ ئۈزلۈكسىز دەرىجىسى ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى قاندۇرۇلدى، ئىستېمال چوڭ بازىرى پۈتۈن يەر شارىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

بۇ بۈگۈنكى جۇڭگو ـــ

100 مىليوندىن ئاشىدىغان بازار سۇبيېكتى، 900 مىليون ئەمگەك كۈچى، 100 مىليون بويىچە ھېسابلىنىدىغان تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە ماھارەتلىك ئەمگەكچى، ئىختىساسلىقلار قىممىتىنىڭ بايلىقتا ئايلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە دەۋر شەرىپى بېرىلدى، بەزى ساھەلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسى ئەگىشىپ يۈگۈرۈشتىن، تەڭ يۈگۈرۈش، يېتەكلەپ يۈگۈرۈشكە يۈكسەلدى، مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت يېڭىلىق يارىتىش كۈچلۈك دۆلەتكە قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى.

بۇ دەل بۈگۈنكى جۇڭگو، قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا بىۋاستە يۈزلىنىدىغان ئېلاستىكلىق ۋە جاسارەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان ئىشەنچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە.

بۇ ئىشەنچ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يۈنىلىش يېتەكچىلىكى، يول تاللىشىدىن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىدىن كەلگەن.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، ماكرولۇق تەڭشەشتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىنىڭ ئۈنۈمدارلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئېچىۋېتىپ ھەمكارلىشىش قاتارلىق ئون جەھەتتىكى ئىسلاھات پىكرى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

ھەر قېتىم چوڭ ئىشقا يولۇققاندا تەمكىن بولدى. تاشقى قىسمىدا ئېنىقسىزلىق، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيگەن، ئىسلاھات، تەرەققىيات يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن ئارقا كۆرۈنۈشتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مۇھىم، زور زىددىيەت ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تۈگىتىشتە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

بازار ئېھتىياجى توسۇقى ئەڭ زور چەكتە بۇزۇپ تاشلىنىپ، مىكرو سۇبيېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، دۆلەت مەبلەغ سالغان كارخانىلار، دۆلەت كارخانىلىرى، مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە، يەر تۈزۈمى قاتارلىق مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇلار بۇزۇپ تاشلاندى، بىر قاتار تەدبىرلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېخىمۇ تولۇقلىدى.

بۇ ئىشەنچ خەلقنى مەركەز قىلغان قىممەت يېتەكچىلىكىدىن كەلگەن، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇردى، خەلقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاتتى.

شەخسىي تاپاۋەت بېجى ئىسلاھاتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى، ئېكولوگىيەنى تۈزەش كۈچەيتىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئالغا سىلجىتىلدى، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئەلالاشتۇرۇلدى... خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىندى.

تىرىشقاندىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، دۆلىتىمىزدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. جۇڭگو ئىقتىسادىغا قارىتىلغان «بەربات بولۇش سەپسەتىسى» «مەجبۇرىي قونۇش» «سۈرئەتنى يوقىتىش سەپسەتىسى» قاتارلىق خىلمۇخىل تاشقى شاۋقۇن ئىچىدە، خەلق تۇرمۇشى قىس بولۇشتىن مول بولۇشقا، نامراتلىقتىن ھالقىلىق تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ رەڭدار سەھىپىسى پۈتۈلدى.

تارىخ كەلگۈسىگە بىلدۈرىدۇ. 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىپايان زېمىندا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك كۆرۈشىدە جۇغلانغان مەدەنىيەت ئوزۇقىدىن ئوزۇقلىنىپ، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، بۈگۈنكى جۇڭگو يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەردە، مىسلىسىز جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھالىتىدە، بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ھەيۋەت بىلەن ئالغا باسماقتا. (يېزىشقا قاتناشقانلار: شاڭ يىبىڭ، جۇۋرۇي، يۈشىيەنخۇڭ)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)